# «لەززەتكە تولغان شىنجاڭ»نىڭ خاس باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بازار تاپتى

(بېشى 1- بەتتە)

ئەلا، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېز سۈرئەتتە سېتىپ، يىلىغا پىششىقلاش، ئەشيا ئوبوروتى يەتكۈزۈپ بېرىش مىقدارىنى 1 مىليون توننىغا يەتكۈزدى، 2013 - يىلى سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېقىنلاشتى.

كۆرگەزمە زالىدا، ھەر خىل قۇرۇق مېۋە مەھسۇلاتلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى، باش شۇجى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاچ، تەكلىپ بىلەن تېتىپ كۆردى، دەرەختىكى ئۆرۈك قېقىنى «باشقىچە لەززىتى بار ئىكەن»، چاقىلىق چىلىنىنى «تەملىك ئىكەن» دەپ ماختىدى. خالتىغا قاچىلانغان كىشمىشنى قولىغا ئېلىپ، «خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتمىگەنسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىر بولاق خوتەن چوڭ چىلىنىنىڭ باھاسىنىڭ 190 يۈەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، پۇقرالارنىڭ قانچىلىك پايدا ئالالايدىغانلىقىنى سورىدى. «سىلەرنىڭ ماركاڭلار بارمۇ؟» «شىنجاڭنىڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەمدۇ، قانداق قىلغاندا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەۋزەللىك يارىتىقلى بولىدۇ؟»...

ئايرىلىش ئالدىدا، باش شۇجى مۇنداق دېدى: ئەشيا ئوبوروت كارخانىسىنى ياخشى باشقۇرۇش كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭ تۈرتكە بولىدۇ. سىلەرنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ، شىنجاڭنىڭ خاس بايلىقىنى يەنىمۇ ياخشى ئېچىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

(بېشى 1- بەتتە)

## ■ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلىش يېڭى سۇپا بەرپا قىلىش

[تيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى] 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، خوتەن ناھىيەسىنىڭ باغچى بازىرىغا جايلاشقان شىنجاڭ ياڭاق(خوتەن) توپ سېتىش سودا بازىرىنىڭ توردىكى سودىسى 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، سودا سۇپىسىدا تىجارەت باشلانغاندىن بۇيانقى يېڭى رېكورت يارىتىلدى.

بۇلتۇر 11 - ئايدا، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان شىنجاڭ ياڭاق(خوتەن) توپ سېتىش سودا بازىرى(1 - قارارلىق) تۆرى تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى، سودا بازىرىدا توپ سېتىش سودىسى، ئامباردا ساقلاش ئەشيا ئوبوروتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش قاتارلىق زامانىۋى ئۇل ئەسلىھەلەر بىر گەۋدە قىلىندى، يەنە باغۋەنچىلىك تورى ئېلېكترونلۇق سودا راسچوت سىستېمىسى كىرگۈزۈلدى.

گەرچە تىجارەتنى يېرىم يىلغا يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بازارنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولدى. «ھازىرغىچە، شىنجاڭ ياڭاق(خوتەن) توپ سېتىش سودا بازىرى جەمئىي 130 مىڭ توننا ئەتراپىدا ياڭاق سودىسى قىلدى، تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق جايلارغا قاراپ كېڭەيمەكتە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يىغىش - تارقىتىش مەركىزىنىڭ رولى گەۋدىلەنمەكتە» دېدى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى بازا بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ يۈڭمېي.

2018 - يىلى، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى پۈتۈن شىنجاڭدىكى باغ - ئورمان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا مەبلەغ سېلىپ توپ سېتىش سودا بازىرىدىن ئالتىنى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىكى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتىنى «ئەڭ ئالدىنقى بىر كىلومېتىر»غىچە راۋانلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتتى، شىنجاڭ ياڭاق(خوتەن) توپ سېتىش سودا بازىرى شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان بازار تور سىرتىدىكى ئەمەلىي گەۋدە بازىرى + توردىكى B2B ئېلېكترونلۇق سودا توپ سېتىش ئەندىزىسى بويىچە مەشغۇلات قىلىپ، تېرىقچىلىق دېھقان ئائىلىلىرى، دېھقان ۋاستىچىلىرى ۋە سودىگەرلەرنى ئەزالىق تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئېلېكترونلۇق سودا راسچوتى ۋە ئەمەلىي باھا ئەھۋالىنى ئېلان قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى سودىگەرلەرنىڭ كېلىپ سېتىۋېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇشتەك ئەنئەنىۋى سېتىش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، تېرىقچىلىق ۋە سېتىش ئارىسىدا ئادىل، ئاشكارا سودا سۇپىسى بەرپا قىلدى.

يېڭى سۇپا شۇ جايدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنى بىۋاستە نەپكە ئېرىشتۈردى.

«بىز دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرلەشمە كوپېراتىپنى قۇرۇپ، بىرتۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇپ، ياڭاقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كارخانىلار تولۇق سېتىۋېلىش ئارقىلىق، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى قوش كاپالەتكە ئىگە قىلدۇق.» ۋاڭ يۈڭمېي مۇنداق دېدى: يېڭىچە ئېلېكترونلۇق سودا راسچوت ئۇسۇلى قولايلىق، تېز بولۇپ، سودا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دېھقانلار سېتىش پۇلىنى ناھايىتى تېزلا تولۇقى بىلەن ئالالايدۇ.

«بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، كارخانىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش بىلەن بىللە، باغۋەنلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا سەجىل تۈرتكە بولدۇق.» جەي كەيپۇەن مۇنداق دېدى: «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + بازا + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت بىرلەشمە تىجارەت ئەندىزىسىگە تايىنىپ، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى بۇ يىلنىڭ بېشىدا خوتەن ۋىلايىتىدە يېڭىدىن 44 دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى يېتەكچىلىك قىلىپ قۇرۇپ، شۇ جايدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىنىڭ قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

[مۇخبىرنىڭ تەسراتى] جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خېلى بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ كىرىم مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خاس باغ - ئورمانچىلىق دەرىجە ئۆستۈرۈشنى چاقىرىق قىلدى. زامانىۋىلاشقان سۇپا بەرپا قىلىش، يېڭىچە تىجارەت ئەندىزىسىنى يولغا قويۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى كەسپلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇتۇلۇپلا قالماي، خاس باغ - ئورمان كارخانىلىرى زورايتىلدى، شۇنداقلا باغۋەنلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇندى.

## ■ توردا + تور سىرتىدا يېڭى بوشلۇق ئېچىش

[تيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى] شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنى تەكشۈرگەندە، باش شۇجى بۇ شىركەتنىڭ تور ۋە تور سىرتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئالاھىدە ماختىدى. بەش يىل ئۆتتى، «ئالاقە تورى + » شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ تەرەققىياتىنى يولۋاسقا قانات چىقاندەك كۈچكە ئىگە قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭنىڭ خاس ئەۋزەل كەسپلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىدىكى كۈچلۈك تايانچقا ئايلاندى.

2018 - يىلى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇن ئىستېمالچى تيەنماۋ سودا شەھەرچىسى ئارقىلىق نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېڭىسارنىڭ سەھەت ئۆرۈككە تۇنجى قېتىم ئېغىز تەگدى. راۋان ئېلېكترونلۇق سودا يولىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى كەسپلەشكەن ئۈزۈش، ئالاھىدە ئازوت قاچىلاپ ئوراش، سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى تېخنىكىسى ئارقىلىق، 10 مىڭ ئۆلۈشتىن ئارتۇق يېڭى سەھەت ئۆرۈكنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزدى.

جەي كەيپۇەن مۇنداق دېدى: شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى «ئالاقە تورى + » شەرق شاملىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تۇنجى قېتىم «تورغا چىقىرىش» ئارقىلىق بازار تاپقۇزدى. سەھەت ئۆرۈكتىن سىرت، تۇرپاننىڭ ئاق كىشمىش ئۈزۈمى، چاپچالنىڭ گۈرۈچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى توردا ياخشى سېتىلىش نەتىجىسىنى ياراتتى.

«بەش يىل مابەينىدە، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ تىپتىكى ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كۆپ مەيدان توردا سېتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تونۇلۇش دەرىجىسى ۋە تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.» جەي كەيپۇەن مۇنداق دېدى: 2018 - يىلىلا، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى ئالتە قېتىم توردا تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 60 تۈردىكى 250 خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلاتنى توردا كۆرگەزمە قىلىپ سېتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئالى بابا بىلەن ھەمكارلاشقان «لەززەتكە تولغان شىنجاڭ» پائالىيىتى 15 ناھىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ توردا بازار تېپىشىغا تۈرتكە بولدى، بىۋاستە سېتىش سوممىسى 50 مىليون يۈەندىن، ۋاستىلىك سېتىلىش سوممىسى 80 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

بۇ، بەش يىل جەريانىدا شىنجاڭنىڭ خاس باغ - ئورمانچىلىقى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان گۈزەل مەنزىرە.

جەي كەيپۇەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق توپ سېتىش بىلەن ئەمەلىي توپ سېتىش بازىرى بىر گەۋدە قىلىنغان تىجارەت - سېتىش ئەندىزىسىنى تېزدىن كېڭەيتىپ، ئېلېكترونلۇق سودا راسچوتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچىنى ئېلان قىلىش، تەمىنلەش زەنجىرى پۇل مۇئامىلىسى قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېڭىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا مۇلازىمىتى سۇپىسىنى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكتە ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

[مۇخبىرنىڭ تەسراتى] «ئالاقە تورى + »غا پائال ئىگە بولۇش تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ۋە تېخىمۇ زور بوشلۇققا ئىگە بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ تەرەققىياتى ۋاقىت ۋە بوشلۇقنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىنجاڭنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭ بازارغا يۈزلىنىشى ئۈچۈن كۆزنەك ئېچىپ بەردى.

## ■ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن تەڭ يېتىلىش يېڭى نىشانغا ئاتلىنىش

[تيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى] باش شۇجىنىڭ شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنى تەكشۈرگەندىكى بىر پارچە سۈرىتى كارخانىنىڭ كۆرگەزمە زالىغا ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، سۈرەتتە ئاشۇ ئۇنتۇلماس دەققە ساقلانغانىدى. «بۇ بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش مەزگىلىگە كىردى.» جەي كەيپۇەن مۇنداق دېدى: شىركەت ئەسلىدىكى يەككە ھالدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، سېتىش كارخانىسىدىن قەدەممۇقەدەم تەرەققىي قىلىپ، باغ - ئورمانچىلىق جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىپ تېرىش، ئىشلەپچىقىرىش - پىششىقلاش، تېرمىنال سېتىش ۋە بازار باشقۇرۇشنى بىر گەۋدە قىلغان چوڭ تىپتىكى پۈتۈن كەسپ زەنجىرى كارخانىسىغا ئايلاندى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بەش يىل جەريانىدا، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 470 مىليون يۈەندىن 5 مىليارد يۈەنگە ئۆرلىگەن.

سانىنىڭ ئارقىسىدا شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىكى پۇختا ئاياغ ئىزلىرى بار. «بىز ئىزچىل تارقاق دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، پىششىقلىشى، سېتىشىنى تەشكىللەشكە كۈچ چىقىرىپ، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، تىجارەت - سېتىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، قوللىنىپ، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىرىك پىششىقلىنىدىغان، تارقاق، كىچىك كۆلەملىك تىجارىتىنى ئەلا سۈپەتلىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، تۈجۈپىلەنگەن ۋە كۆلەملەشكەن ئوبوروتقا ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈردۇق» دېدى جەي كەيپۇەن.

2018 - يىلدىن بۇيان، باغ - ئورمان بايلىقى ئەۋزەللىكىنى ماركا ئەۋزەللىكى، رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش ۋە شىنجاڭ سىرتىدا سېتىشتىن ئىبارەت «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، باشلامچى كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى دەل بۇ تور خىزمىتىگە چوڭقۇر قاتناشقۇچى ھېسابلىنىدۇ. مېۋىچىلىك گۇرۇھى مەۋقەنى شىنجاڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، پىششىقلاشنى زورايتىشقا قويۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭ سىرتىدىكى بازارنى نىشانلاپ سېتىشنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك خاس باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بازارلارغا يۈزلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە مەھەللە زەنجىرسىمان دۇكىنىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇپ، ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ يېڭى مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى ساتتى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىركەت پۈتۈن مەملىكەتتە مەھەللىلەردە يېڭى پارچە سېتىش دۇكىنىدىن 606نى قۇردى، 2000 سودا سارايى، تاللا بازىرىدىكى مەخسۇس پوكەينى رېمونت قىلدى، پۇختىلىدى، زەنجىرسىمان سېتىش يولىنى 13 مىڭ دۇكانغا كېڭەيتتى. 2018 - يىلى جەمئىي سېتىۋېلىنغان، سېتىلغان، سودا قىلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى 950 مىڭ توننىدىن ئاشتى.

«شىنجاڭ خاس باغ - ئورمان كەسپىنىڭ تەرەققىيات يولى تېخى ناھايىتى ئۇزاق، مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ زىممىسىدىكى يۈك ناھايىتى ئېغىر.» جەي كەيپۇەن مۇنداق دېدى: شىركەت سېتىش تور نۇقتىسى ۋە ساقلاش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زورايتىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش تورى ۋە شىنجاڭ سىرتىدا سېتىش تورىنى ياخشى قۇرۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 10 مىليارد يۈەن بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

[مۇخبىرنىڭ تەسراتى] كارخانىلار باشقىچە خىياللاردا بولماي، پۇختا قەدەم بېسىپ، باسقۇچلۇق جەڭ قىلغاندىلا، كەسپلەرنىڭ راۋاجلىنىش، زورىيىش يولى تېخىمۇ پۇختىلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ خاس ئەۋزەل كەسپلىرىنى زورايتىش، كۈچەيتىش مېۋىچىلىك گۇرۇھىغا ئوخشاش مۇشۇنداق تېخىمۇ كۆپ كارخانىلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەپ، يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىشىغا موھتاج.

---

**مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى - يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا**

**ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش - تىرانسپورت سىستېمىسى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى**

# قاتناش - تىرانسپورت ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئۈنۈملۈك تۈزىدى

مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر خەۋەر قىلىدۇ: قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - تىرانسپورت نازارىتى قاتناش - تىرانسپورت خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تېگىش قىلىپ، «قاتتىق مۇشت» ئېتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ قاتناش - تىرانسپورت ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى قاتتىق ئېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قاتناش - تىرانسپورت مۇھىتىدىن رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - تىرانسپورت نازارىتى كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، قاتناش - تىرانسپورت سىستېمىسى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش خىزمىتىدە دۈچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، نۆۋەتتە خىزمەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، «قاتناش - تىرانسپورت ساھەسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاتناش - تىرانسپورت سىستېمىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى سەجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش - تىرانسپورت سىستېمىسى ئالا قويماي ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قاتناش - تىرانسپورت سىستېمىسىدا مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچى ۋە ساھە قالايمىقانچىلىقىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزدى.

«بىز جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش ساقچى تارماقلىرى بىلەن يول ساقچىلىرى بىرلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ يۈك توشۇغان ئاپتوموبىللارنىڭ چەكتىن، نورمىدىن ئارتۇق يۈك بېسىشى، قەستەن يول توسۇۋېلىشى، چازىدىن بۆسۈپ ئۆتۈشتەك قانۇنغا زورلۇق بىلەن قارشى تۇرۇش ھەمدە ‹ئاپتوموبىل بېدىكى›، ‹بېلەت ھايانكەشى› قاتارلىقلارغا قاتتىق زەربە بەردۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق يول تىرانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، باش ئىقتىسادچى ليۇ چىڭبو مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن سىرت، رايون ھالقىپ تىجارەت قىلىدىغان «قارا ئاپتوموبىل»لار، ساختا تىجارەت كىنىشكىسى ياساپ قانۇنسىز تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار، «تىجارەتتىن باشقا غەيرىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان» چوڭ ئاپتوبۇسلار قانۇنسىز تىرانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق قىلمىشلار بۇ قېتىمقى تۈزەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، قاتناش - تىرانسپورت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار يولۇچى توشۇش بېكەتلىرى، چەكتىن ئېشىپ كېتىشنى تۈزەش پونكىتى قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلار ۋە ئادەم كۆپ يىغىلىدىغان سورۇنلارغا تەشۋىقات لوزۇنكىلىرىنى ئاسقان، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چاپلىغان، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى تارقاتقان، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچىنى پاش قىلىش تېلېفونىنى ئېلان قىلغان، پاش قىلىش پوچتا ساندۇقى تەسىس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 12328 قاتناش - تىرانسپورت مۇلازىمىتى قىزىق لىنىيەسىنى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش يىپ ئۇچى پاش قىلىش قىزىق لىنىيەسى قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتىن قاتناش - تىرانسپورت سىستېمىسىدىكى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچىنى توپلىغان.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش - تىرانسپورت سىستېمىسى 1891 ئادەم قېتىم قانۇن ئىجراچىسىنى ئاجرىتىپ، 1372 ئورۇننى تەكشۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ 44 قىلمىشنى قانۇن بويىچە جازالاپ، بىر تەرەپ قىلىپ، قاتناش - تىرانسپورت ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان قالايمىقانچىلىقنى ئۈنۈملۈك تۈزىدى.

---

# شىنجاڭلىق ئارتىس تۇنجى قېتىم جۇڭگو تىياتىر ئالىي مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

(بېشى 1- بەتتە)

جاڭ پېيپېي 1990 - يىلى تۇغۇلغان، 2006 - يىلى بىڭتۇەن يۈجۇ تىياتىرى ئۆمىكىگە كىرىپ خىزمەت قىلغان. «باياۋاندىكى ئانا»دا، جاڭ پېيپېي ئايال باش پېرسوناژ ليۇ يۈجىننىڭ رولىنى ئالغان. ئۇ يۈجۇ تىياتىرى پېشۋالىرىنىڭ سەنئەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ پېرسوناژغا بولغان چۈشىنىشىنى سىڭدۈرۈپ، مول ناخشا ئاھاڭى ۋە تەبىئىي، مەردانە ئورۇنلاش ماھارىتى ئارقىلىق، باياۋاندىكى قەيسەر، ئاق كۆڭۈل ئانىنىڭ ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياراتتى.

جۇڭگو تىياتىر مېيخۇا مۇكاپاتى 1983 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، جۇڭگو تىياتىر ئورۇنلاش سەنئىتىدىكى ئالىي مۇكاپات ھېسابلىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: تۆت بەتلىك 0.5 يۈەن، سەككىز بەتلىك بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)